مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «2020 ـ يىللىق يېڭى يىل، چاغان مەزگىلدىكى مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، بايرام مەزگىلدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خۇشال ـ خۇرام، ئىناق بايرام ئۆتكۈزۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان «بىخەتەرلىك تورى»نى پۇختا مۇستەھكەملەش كېرەك. «ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا بىرىنمۇ سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق» تەلىپى بويىچە، جەمئىيەت كاپالەت سىياستىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىللىقلىقىنى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ قەلبىگە يەتكۈزۈش كېرەك.

بازار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىنىڭ بايراملىق ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك. كۆمۈر، توك، ماي، گاز، ترانسپورتتىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى كۆزىتىپ ـ ئۆلچەش ۋە ماسلاشتۇرۇش ـ كاپالەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، چوشقا گۆشى قاتارلىق مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ «كۆك ـ تاق» مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، مال باھاسىنىڭ بىرتۇتاش ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

ئاساسىي ئېقىم قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاممىنىڭ بايراملىق مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا «بىزنىڭ جۇڭگو ئارزۇيىمىز ــ مەدەنىيەتنى تۇمەنلىگەن ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «يېڭى دەۋردىكى نادىر ئەسەر» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئارقىلىق چاغان ئۆتكۈزۈش، مەدەنىيەتنى تۇمەنلىگەن ئائىلىگە كىرگۈزۈش» يۈرۈشلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

چاغانلىق يولۇچى توشۇش خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنىڭ بىخەتەر، قولاي، رازى بولغۇدەك سەپەرگە چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ترانسپورت كۈچى بىلەن تەمىنلەشنى زورايتىپ، يوشۇرۇن كۈچنى قېزىپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىش ئېھتىياجىنى ئەڭ زور چەكتە قاندۇرۇش كېرەك. «ئايروپىلاندا جىددىي چىقىرىش» «ئاپتوموبىلدا جىددىي چىقىرىش» «زومىگەرلىك بىلەن ئورۇن ئىگىلىۋېلىش» قاتارلىق قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاپ، سەپەرگە چىقىش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.

ئاممىۋى بىخەتەرلىك بويىچە تۈزەشنى كۈچەيتىپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇش كېرەك. كۆمۈر كان، ئوت مۇداپىئە، قاتناش ـ ترانسپورت، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، شەھەر يېقىلغۇ گازى، ساليوت، پوجاڭزا قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چوڭ تىپتىكى پائالىيەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى چىڭىتىپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بىخەتەرلىك باشقۇرۇشىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئالاھىدە بېكىتىلگەن مەنپەئەت توپى ۋە پۇل مۇئامىلە، ئەمگەك ئىش ھەققى، قەرز قاتارلىق ساھەلەردىكى زىددىيەت خەۋپ ـ خەتىرىنى چوڭقۇر رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، زىددىيەت خەۋپ ـ خەتىرىنى ئاساسىي قاتلامدا ۋە بىخ ھالىتىدە تۈگىتىش كېرەك.

كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىشنى كۈچەيتىپ، كەڭ كادىرلارنى يېڭى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، يېڭى نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى»، دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋە خىزمەت ئۈستىدە ۋاپات بولغان كادىرلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى يوقلاش، ھال سوراش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ۋە ئۇزاققىچە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىللىقلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

ئىستىلنى توغرىلاپ ئىنتىزامنى چىڭىتىشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش كېرەك. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش نۆۋەتچىلىكىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، بايرام مەزگىلدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ نورمال يۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش باش ئەترىتى ۋۇيۇسكا ئېسىپ قۇرۇلدى

مۇخبىرىمىز **ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش باش ئەترىتى ۋۇيۇسكا ئېسىپ قۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش باش ئەترىتى ئاساسلىقى شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئوت مۇداپىئە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئالاقىدار ئاپەت، ھادىسىلەردە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇھىم يىغىن، چوڭ تىپتىكى پائالىيەتلەرنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوت مۇداپىئەسى قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش ھەم ئوت ئاپىتى ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىشقا ئالاقىدار خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ، قانۇن بويىچە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىنى ئۇنىۋېرسال نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش فۇنكسىيەسىنى يۈرگۈزۈپ، ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئوت مۇداپىئە مەخسۇس يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشقا قاتنىشىپ، يەرلىك ئوت مۇداپىئە نىزامى، قائىدە لايىھەسىنى تەييارلاشقا ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىشقا قاتنىشىدۇ؛ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى تەشۋىقات ـ تەربىيەسىگە مەسئۇل بولۇپ، جەمئىيەت ئوت مۇداپىئە كۈچلىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەشكىللەيدۇ، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

2018 ـ يىلى، مەركەزنىڭ ئىسلاھات ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت مۇداپىئە قىسمى كوللېكتىپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەشتىن چېكىنىپ، پۈتۈن ئىشتات بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش مىنىستىرلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، دۆلەت ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئوت مۇداپىئە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قوشۇنى قۇرۇلدى. ئوت مۇداپىئە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش خادىملىرى ئۇنىۋېرسال دائىملىق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى تايانچ كۈچ سۈپىتىدە، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئاساسىي قوشۇنى ۋە دۆلەت ئەترىتى دەپ بېكىتىلىپ، ئېغىر، زور بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، تۈرلۈك ئاپەت، ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرۇش، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتەك مۇھىم ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى.

مەركەزنىڭ «دۆلەت ئۇنىۋېرسال ئوت مۇداپىئە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قوشۇنىنى قۇرۇش رامكا لايىھەسى»گە ئاساسەن، دۆلەت ئۇنىۋېرسال ئوت مۇداپىئە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قوشۇنىنى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش مىنىستىرلىقى باشقۇرىدۇ، بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجىگە ئايرىپ قوماندانلىق قىلىش يولغا قويۇلىدۇ، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوت مۇداپىئە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش باش ئەترىتى، تارماق ئەترىتى، چوڭ ئەترىتى تەسىس قىلىنىدۇ، شەھەر ۋە يېزا ـ بازارلاردا ئېھتىياجغا ئاساسەن ئۆلچەم بويىچە ئوت مۇداپىئە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، بىرتۇتاش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك قىلىش، قوماندانلىق قىلىش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ يەتتە تىپىك مەسىلىنى ئاشكارىلىدى

ئۆز خەۋەرچىمىز يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ يەتتە تىپىك مەسىلىنى ئاشكارىلىدى. بۇ يەتتە تىپىك مەسىلە تۆۋەندىكىچە:

1. بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇرئەت ئابلىكىمنىڭ ئوغلىنىڭ توينى قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا زىياپەت بېرىش مەسىلىسى. 2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، شۇ چاغدا بورتالا شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان جۇرئەت ئابلىكىم بورتالا شەھىرىدىكى مەلۇم بىر رېستۇراندا ئوغلىنىڭ توينى قىلىپ زىياپەت بەرگەن، ئاقما زىياپەت شەكلى بىلەن 181 مېھمان چاقىرىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا 30 مىڭ 400 يۈەن سوۋغاتلىق پۇل ئالغان. 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، جۇرئەت ئابلىكىم «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن دوكلات قىلىش جەدۋىلى»دە تويغا ئائىت ئىشلارنى ساختا تولدۇرۇپ مەلۇم قىلغان. جۇرئەت ئابلىكىمگە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

2. نىلقا ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پارتكومىنىڭ سابىق ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تاڭ چۈنفېڭنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتلىرى بەرگەن سوۋغات قاتارلىقلارنى ئېلىش مەسىلىسى. 2013 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2016 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە، تاڭ چۈنفېڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتلىرى سوۋغا قىلغان سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 10 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ھاراق ـ تاماكا، مال سېتىۋېلىش كارتىسى قاتارلىق سوۋغات بۇيۇملىرىنى ئالغان؛ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن تەكشۈرۈشكە چىققان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، لىنيەنى ئۆزگەرتىپ ۋۇشى، خاڭجۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلغان، ئوينىغان، ھەم باشقۇرىدىغان مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ بېرىشى، تاماق، ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇشى قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلىپ جەمئىي 13 مىڭ 100 يۈەن خەجلىگەن. بۇنىڭدىن سىرت، تاڭ چۈنفېڭدا يەنە ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. تاڭ چۈنفېڭغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلدى.

3. ئۈرۈمچى يول مەمۇرىيىتى(سۇ قاتنىشى)نى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى ئەكرەم لەتىپنىڭ ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى شەخسىي ئىشقا ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2019 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە، ئەكرەم لەتىپ كۆپ قېتىم ئىدارىنىڭ يول مەمۇرىيىتى قانۇن ئىجرا قىلىش ئاپتوموبىلىنى ئۆز مەيلىچە ھەيدەپ، ساۋاقداشلىرى، دوستلىرى بىلەن تيەنچى مەنزىرە رايونىغا ئوينىغىلى بېرىپ، جەمئىيەتتە ناچار تەسىر پەيدا قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئەكرەم لەتىپتا يەنە ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. ئەكرەم لەتىپقا دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش جازاسى بېرىلدى.

4. كۇچا ناھىيەلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۈچېڭنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئوغلىنىڭ توينى قىلىش مەسىلىسى. 2019 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، جاڭ يۈچېڭ ئوغلىنىڭ توي زىياپىتىنى ئۆتكۈزگەندە بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتلىرىدىن 94 كىشىنى تويغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ، 24 مىڭ 100 يۈەن سوۋغاتلىق پۇل ئالغان. جاڭ يۈچېڭغا پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

5. يېڭىسار ناھىيەلىك مېيىپلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى جاڭ بىننىڭ ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى شەخسىي ئىشقا ئىشلىتىش مەسىلىسى. 2019 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، جاڭ بىن گەنسۇغا بېرىپ تۇغقان يوقلاپ قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندە، ئىدارىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى قەشقەر ۋوگزالىغا بېرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ يېڭىسار ناھىيەسىگە قايتىپ كەلگەن. 2019 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئىدارىنىڭ ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى ئۆيىدىكىلەر شەخسىي ئىش بېجىرگەندە ئاپىرىپ ـ ئەكىلىشكە ئىشلەتكەن. جاڭ بىنغا پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

6. سانجى شەھەرلىك قاتناش ـ ترانسپورت ئىدارىسى شەھەر ـ يېزا يولۇچى توشۇش، قاتناش باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ كادىرى نىجاتنىڭ باشقۇرىدىغان مۇلازىمەت ئوبيېكتى سوۋغا قىلغان سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل ئېلىش مەسىلىسى. 2016 ـ يىلى چاغاندىن 2018 ـ يىلى چاغاننىڭ ئالدىغىچە، نىجات سانجى شەھىرى ليۇخۇاڭگۇ نورمىدىن ئاشۇرۇپ يۈك قاچىلاش، نورمىدىن ئاشۇرۇپ يولۇچى توشۇشنى تۈزەش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى بولغان مەزگىلدە، كۆپ قېتىم باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتلىرى سوۋغا قىلغان ئالىي دەرىجىلىك ھاراق ـ تاماكا، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات، مال سېتىۋېلىش كارتىسى قاتارلىقلار بولۇپ، سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 36 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل ئالغان. نىجاتقا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

7. چاغانتوقاي ناھىيەسىنىڭ جېڭگىس يېزىسى جىلانتى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سابىق شۇجىسى ليۇ جاۋۋېن، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى جۇ چاڭجۈننىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ ـ ئىچىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2017 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 2018 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە ليۇ جاۋۋېن، جۇ چاڭجۈن بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا كۆپ قېتىم ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ ـ ئىچىپ، جەمئىي 71 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، جەمئىيەتتە ناچار تەسىر پەيدا قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، ليۇ جاۋۋېن، جۇ چاڭجۈندە يەنە ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. ليۇ جاۋۋېنغا پارتىيەدىن قوغلاش جازاسى بېرىلدى؛ جۇ چاڭجۈنگە پارتىيەدە بىر يىل قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلدى.

يۇقىرىقى يەتتە مەسىلە ھەم پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا چېتىلىدۇ، ھەم كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغا چېتىلىدۇ، بەزىلىرىدە بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىنغان، بەزىلىرىدە ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ ـ ئىچىشكە تەشكىللەنگەن، بەزىلىرىدە ھۆكۈمەت ئىشى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەت پۇلىغا ساياھەت قىلىنغان، بەزىلىرىدە بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا توي زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ، پۇل ـ مال يىغىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ياكى ئۇدا يۈز بەرگەن بولۇپ، تىپىك نەپسىنى يىغماسلىق، قولىنى تارتماسلىق قىلمىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقىنى، جەزمەن «قاتتىق» بولۇشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىي يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتكەن ـ كۈچەيتمىگەنلىكى، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتقان ـ چىڭىتمىغانلىقى، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرغان ـ ئاشۇرمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىپ، بوشاشماي قەيسەرلىك بىلەن تىرىشىش، سىجىل كۈچەش، يەنە يېڭى نەتىجە يارىتىش تەلىپى بويىچە، مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىدىغان قەتئىي ئىرادە ۋە غەيرەت بىلەن مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى سىجىل چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

2020 ـ يىلى يېڭى يىل، چاغان يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىپىك دېلو مىساللىرىدىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆزىگە تەتبىقلاپ، ئۆزى ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىپ، ئۆزىگە قاتتىق ئاگاھ بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ناتوغرا ئىستىل ۋە ناچار كەيپىياتقا قارشى تۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئېپىل ئىستىلنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، «باشلامچى ياۋا غاز ئۈنۈم ئېففېكتى»نى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرنى باشلاپ، باشقا پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ھەقىقىي تۈردە بايرام ئۆتكۈزۈش كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، بايرام مەزگىلدە ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى يۈكسەك ھوشيارلىقنى داۋاملىق ساقلاپ، تەربىيە بېرىش، ئەسكەرتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئاشكارىلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بايرام مەزگىلدە بايقالغان «تۆت خاھىش» مەسىلىلىرىنى تېز تەكشۈرۈپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، بايرام كەيپىياتىنى ئۈزلۈكسىز ساپلاشتۇرۇشى كېرەك. بىر نۇقتا ـ بىر نۇقتىدىن دىققەت قىلىپ، قەتئىي بوشاشماي، باشقۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، نەتىجە ـ ئۈنۈم يارىتىپ، توغرا كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭنىڭ كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىدىكى نۇقتىلىق رايون «ئۈرۈمچى ــ سانجى ــ شىخەنزە» رايونىنىڭ ئوتتۇرىچە سۈپەتلىك كۈن سانى نىسبىتى 78.5% بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.6 پىرسەنت پوئېنت ئازايغان، PM2.5 نىڭ قويۇقلۇقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.1% ئاشقان. «كۈيتۈن ــ مايتاغ ــ شىخۇ» رايونىنىڭ ئوتتۇرىچە سۈپەتلىك كۈن سانى نىسبىتى 86.9% بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3.3 پىرسەنت پوئېنت ئاشقان، PM2.5 نىڭ قويۇقلۇقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.8% تۆۋەنلىگەن. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاتموسفېرا مۇھىتىنىڭ سۈپىتى بەلگىلىك دەرىجىدە ياخشىلانغان، بىراق نۇقتىلىق رايونلارنىڭ مۇھىت سۈپىتىنى ياخشىلاشتا يەنىمۇ تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ يىلدىن بۇيان، «ئاپتونوم رايوننىڭ كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچ يىللىق ھەرىكەت پىلانى (2018 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە)»نىڭ تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئۆلچەمگە قاتتىق توغرىلىنىپ نىشان بېكىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى چىڭ تۇتۇپ، «چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان، بۇلغىما قويۇپ بېرىدىغان» كارخانىلارنى تۈزەش، موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى بۇلغىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈزەش، چاڭ ـ توزاندىن بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش ۋە ئېغىر بۇلغانغان ھاۋا رايىغا تاقابىل تۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، ئاتموسفېرا بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشتىكى پەن ـ تېخنىكا تىرەكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى بىرلىكتە «‹ئۈرۈمچى ــ سانجى ــ شىخەنزە› ‹كۈيتۈن ــ مايتاغ ــ شىخو› رايونىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، نۇقتىلىق رايونلارنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى تۈزەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. بېسىمنى ھەقىقىي يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 14 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى(مەمۇرىي مەھكىمە) بىلەن كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچ يىللىق ھەرىكەت پىلانىنىڭ نىشان مەسئۇلىيەتنامىسىنى ئىمزالىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭى خىزمىتى ۋەزىپىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى قەرەللىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئاي بويىچە تەھلىل قىلدى، ئايلىق ھاۋا سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن شەھەرلەرگە ھاۋا سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىشتىن سىگنال بېرىش ئالاقىسى ئەۋەتىپ، ئۆلچەمگە يەتمىگەن رايونلارنىڭ سۈرۈك ئىچىدە ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، نۇقتىلىق رايونلاردىكى بىڭتۈەن، يەرلىكنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىرلەشمە قانۇن ئىجرا تەكشۈرۈشىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى.

دىزېل مېيى يېقىلغۇ قىلىنىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى، پولات ـ تۆمۈر كەسپى، سانائەت پېچ ـ خۇمدانلىرى قاتارلىقلاردىكى بۇلغىمىنى تۈزەشتە، ئاپتونوم رايونىمىز مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، كۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنىدىغان گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى تۆۋەن بۇلغىما قويۇپ بېرىش ۋە ئومۇمىي ئىش ئورنىنى نېتراتسىزلاشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتتى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 20 گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى 6 مىليون 650 مىڭ كىلوۋاتلىق دەرىجىدىن تاشقىرى تۆۋەن بۇلغىما قويۇپ بېرىشقا ئۆزگەرتىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 300 مىڭ كىلوۋاتتىن يۇقىرى ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ۋە 100 مىڭ كىلوۋاتتىن يۇقىرى ئۆز گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ ھەممىسىنى دەرىجىدىن تاشقىرى تۆۋەن بۇلغىما قويۇپ بېرىلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش تاماملاندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر قۇرۇلغان رايونلاردا ئون پار تونىنسىدىن تۆۋەن، نۇقتىلىق رايونلاردىكى ناھىيە، شەھەر قۇرۇلغان رايونلاردا 35 پار تونىنسىدىن تۆۋەن كۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنىدىغان پار قازانلىرىنى شاللىۋېتىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى.